
يېڭى ژىللىڭلار مۇبارەك بولسۇن، ئەزىز قېرىنداشلار!

1999
ژىل
1 – يانۋار
جۈمە
№1
(4114)

# يېڭى هايات

Йеңи һаят

جۇمهۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي – سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى 1970 – ژىلى 1 – يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



ئابدۇخالىق سەپەرى

## تىلىگىم

بەش كۈنلۈك ئالەمدە دوست، هەر دەقىقە غەنىمەت بىل،
خوپ ئىدى هەر دەقىقە، خوشاللىقا چۆمۈلسە دىل.
كەلمەك بار، كەتمەكمۇ هەق، باقى ئەمەستۇر بۇ ئالەم،
نە يەتسۇن بۇ بەش كۈندە، ئۇتسە كۈنلەر ئىناق – ئىجىل.

بىسىپ قورۇق، چىش سارغىيىپ، ئاقارغىچە چاچ – ساقال،
ئۇتسە كىم ئىز قالدۇرۇپ، ئەجرىدىن بولماس خىجىل.
ژىل قوينىدا تەر تۆكۈپ، مەيلى تاپسۇن پۇل، مال، دۇنيا،
كىم سويۇنسۇن ئۇنداقلاردىن، قىل چىقماس بولسا بېخىل.

ژىل ئۇتەر، ژىللار ئۇتەر، تاپقىنىمىز قالۇر ئاخىر،
كېيەن بىلەن ئىپ كېتىشكە، هەق ئالدىدا يوقتۇر كېپىل.
بېخىللىق، بىغۇتلۇقتىن هېچ بىر پايدا كەلگەن ئەمەس،
تەدبىرلىك، مەرتلىكلىكتىن كورۇنەر ئادەم ئىسىل.

ژىل ئۇتەر، ژىلنى ياساپ ئۇمۇر ئۇتەر ئۇمۇت بىلەن،
يېتەرمىز پەللىلەرگە كۈرەشلەردە بولساق، دېدىل.
كۈن ئۇتەر، كۈنمۇ ئۇتەر، قېرىتالماس ئۇمۇتلەرنى،

ئەي خەلقىم ئۇمىدىڭ يار، ئامەت قۇچۇپ گۈلدەك ئېچىل.
تىلىگى قۇربانىنىڭ بۇ ئارچا ئەييامىدا،
ئامىتىمىز ژىلى بولسۇن بىز ئۇچۇن بۇ يېڭى ژىل.



### پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ قازاقستان خەلقىگە يېڭى ژىللىق تەبرىگى



هورمەتلىك خەلقىم. تۇققان ئېلىم!

بۇگۈن يېڭى ژىلنى قارشى ئېلىۋاتىمىز.ئۇتكەن 1998 - ژىل قانداق ۋاقىەلەر بىلەن خەلقىنىڭ ئېسىدە قالدى دېمەك. ئەڭ ئالدى بىلەن 1998 - ژىلنىڭ خەلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش ژىلى، ئەل بىرلىگى ژىلى بولغانلىغىنى ئېيتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئاتىلىرىمىز بىلەن مۇتەخەسسىلىرىمىز كوپ ئەمگەك سىڭىرىپ، خەلقىمىزنىڭ قىيدىمىي تارىخىنى كوپچىلىك ئېلىمىزگە يەتكۈزدى، ياشلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە تەربىيەش يولىدا ئۇرغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئىككىنچى چوڭ بىر ۋاقىە - بىزنىڭ پايتەختىمىز بىپايان قازاقستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن، خاسىيەتلىك سارى - ئارقانىڭ تورىدىن ئورۇن ئېلىپ، دولەت بولغىنىمىزنى دۇنيا يۈزىگە تونۇتتى. يېڭى پايتەخت قازاق خەلقىنى ئىلگەرىكىدىنمۇ مەككەم جىپسىلاشتۇرۇپ، پايتەختنى كوچىرىشىمىزنىڭ سىرىنى چۈشەندۈردى. پۈتكۈل قازاقستاننىڭ مۇستەقىل ئەل ئىكەنلىگىنى، كۈچ - قۇۋۋىتى مول ئىكەنلىگىنى تونۇپ بىلدى.

يەنە بىر ئېيتىدىغان مەسلە. بىز ئەل سۈپىتىدە دۇنياۋىي، ئىختىسادىي بوهران ئالدىدا بەرداشلىق بېرىشنى بىلدۇق. شەرقىي ئاسىيادە باشلانغان بوهران روسسىيەنى چەتتە قالدۇرمىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي ئاسىيادىكى بوهراننىڭ تەسىرىدىن 100 مىللىوندىن ئوشۇق ئادەم كەمبەغەلچىلىككە ئۇچرىدى. 600 ملليارد قا يېقىن دوللار شامالغا ئۇچتى.روسسىيەنىڭ ئۇزىدىلا بىر كۈننىڭ ئىچىدە باها تورت -بەش هەسسە ئوسۇپ كەتتى. ئاخچىنىڭ ئۇزىنى توۋەنلەپ، خەلىق ئاچارچىلىققا ئۇچرىدى.

دۇنيادىكى موشۇنداق ئېغىر ئەهۋاللارغا قارىماستىن. بىزنىڭ قازاقستاندا ئوتتۇرا هېساپتىكى ئىش هەققى، ئوتتۇرا هېساپتىكى پېنسىيە بىر چاغلاردىكى ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەتلەرنىڭ هەممىسىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ژۇقورى دەرىجىدە بولىۋاتىدۇ.بوهران مەزگىلىدە قازاقستاننىڭ ئىختىسادىي بىلەن قازاقستاننىڭ تەڭگىسى هېچ قانداق ئوزگەرمەستىن بىر قېلىپتا قالدى. بۇنىڭ ئوزى چوڭ ئوتۇقتۇر. بىزنىڭ مۇستەقىللىغىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مېۋىسى دېپ موشۇنى ئېيتالايمىز.

مېنىڭ قازاقستان خەلقىگە يوللىغان مەكتۇپۇمدە، سىلەر بىلىسىلەر، ئەڭ ئالدى بىلەن بوهرانغا قارشى تۇرۇش پروگراممىسى، ئىككىنچىدىن،جەمىيەتنى دېموكراتىيەلەشتۇرۇش پروگراممىسى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. شۇنداقلا موشۇ پروگراممىنى تەهلىل قىلىش مەزگىلىدە، مۇهاكىمە قىلىش مەزگىلىدە بىزنىڭ پارلامېنتىمىز1999- ژىلى10- يانۋارغا پرېزىدېنت سايلىمىنى بەلگۈلىگىنىمۇ ئوزەڭلارغا ياخشى مەلۇم.

ئالدىمىزدىكى ژىل ئوڭاي بولىدىغاندەك ئەمەس. دۇنيانى قاپلىغان بوهران قازاقستانىمىز چەتتە قالدۇرىدىغاندەك ئەمەس. چۈنكى نېفتىنىڭ باهاسى توۋەنلىدى، مېتاللىنىڭ باهاسىمۇ توۋەنلەپ كەتتى. دولەت غەزنىسىگە چۈشىدىغان كىرىممۇ ئازىيىدۇ. شۇندىمۇ مېنىڭ ۋە بىزنىڭ هوكۈمەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان مەخسەتلىك ئىشلىرىمىز خەلقىمىزگە بۇ قىيىن ئوتكەلدىنمۇ خېلە ئاز قىيىنچىلىقلار بىلەن ئوتۇشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغانلىغىغا ئىشىنىمەن.

ئوزەڭلار بىلىسلەركى، 1998- ژىلى مېنىڭ تاپشۇرۇغۇم بويىچە هوكۈمەت پېنسىيەلەرنى ئوز ۋاقتىدا تولەش، بىرمۇ بالىنى مەكتەپتىن سىرت قالدۇرماسلىق، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىجارەتنى جانلاندۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىمۇ جىددىي چارىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كوپ كۈچ چىقاردى.

خاسىيەتلىك رامزان ئېيىدا چىن ژۇرەكتىن، سەممىي تىلىگەن تىلەك ئورۇنلىنىدۇ. دېگەن ئۇقۇم بار ئىكەنلىكى بارلىغىمىزغا مەلۇم. شۇنىڭ ئۇچۇن مەن بارلىق ئاتا - ئانىلارغا، ئوز زاماندىشلىرىمغا، بىزنىڭ ئوسۇپ كېلىۋاتقان ئەۋلادىمىز - ياش ئوغۇل - قىزلىرىمىزغا چەكسىز بەخىت تىلەيمەن.

يېڭى ژىلىڭلار مۇبارەك بولسۇن، هورمەتلىك خەلقىم! بەرىكەت مول بولسۇن! بارلىغىمىز بەختلىك بولايلى!

